**«وَمَايَسْتَوِي الْأَعْمَى وَالْبَصِيرُ وَلَا الظُّلُمَاتُ وَلَاالنُّورُ وَلَا الظِّلُّ وَلَاالْحَرُورُ» «قرآن»** : كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولمايدۇ . زۇلمەت بىلەن نۇر ( يەنى باتىل بىلەن ھەق ) باراۋەر بولمايدۇ . سايە بىلەن ئىسسىق ( يەنى جەننەت بىلەن دوزاخ ) باراۋەر بولمايدۇ.

**حَرُورَةٌ** : ئەركىنلىك ، ئەركىنلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىق.

**حَرُورِيَّةٌ** : ئەركىنلىك ، ئەركىنلىك ھوقۇقى ، مۇستەقىللىق.

**حَرَى يَحْرِي حَرْيًا الشَّيْءَ:** كېمىيىپ كەتتى ؛ ئۈمىد قىلدى.

**حَرِيبٌ ج حُرَبَاءُ** : بۇلانغان ، تالانغان.

**حَرِيثَةٌ ج حَرَائِثُ** : ھوسۇل ، مەھسۇلات.

**حَرِيرٌ ج حَرَائِرُ** : يىپەك ، تاۋار.

**حَرِيرٌ مُشَاقَةٍ** : خام يىپەك.

**حَرِيرٌ صَنَاعِيٌّ** : سۈنئىي يىپەك.

**حَرِيرٌ صَخْرِيٌّ** : تاشپاختا.

**صَانِعُ الْحَرِيرِ** : يىپەك سودىگىرى ، يىپەك ساتقۇچى.

**حَرَائِرِيٌّ** : يىپەك ئىشلەپچىقىرىش.

**حُرَيْرَةٌ** : پارچە تاۋار.

**حَرِيرِيٌّ** : يىپەككە مەنسۇپ ، يىپەككە ئائىت ؛ يىپەك ساتقۇچى ؛ يىپەك ئىشلەپ چىقارغۇچى.

**مَلَابِسُ حَرِيرِيَّةٌ** : يىپەك كىيىملەر.

**حَرِيزٌ** : مۇستەھكەم ، پۇختا ، يىمىرىلمەس ، بىخەتەر.

**حَرِيْزٌ:** پاناھ جاي، پۇختا قاچا.

**حَرِيْسَةٌ ج حَرَائِسُ** : قوي قوتىنى ؛ كېچىسى ئوغرىلانغان قوي.

**حَرِيْشٌ ج حُرْشٌ وَ حَرْشَاءُ:** كەركىدان ؛ سەكسەن پۇت ، مىلىك ئاياغ.

**حَرِيصٌ ج حُرَصَاءُ وَ حِرَاصٌ وَ حَرَاصٌ:** ئاچكۆز، بېخىل ، تويماس ؛ ھېرىس ، ئامراق .

**«حَرِيصٌ عَلَيْكُمْ بِالْمُؤْمِنِينَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ» «قرآن»** : ئۇ سىلەرنىڭ ( ھىدايەت تېپىشىڭلارغا ) ھېرىستۇر ، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر ، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.

**حَرِيمَةٌ ج حَرَائِصُ وَ حِرَاصٌ** : بېخىل؛ ئاچكۆز؛ قارنى يامان، تويماس ؛ ھېرىس.

**حَرِيْقٌ ج حُرَقَاءُ** : ئىشداش ، كەسىپداش ، خىزمەتداش ؛ خېرىدار.

**حَرِيقٌ ج حَرْقَى** : ئوت ئاپىتى ، يانغىن ؛ كۆيدۈرۈلگەن ، كۆيۈك ؛ شورلىتا سۇيى ، ئىشقار سۇيى ، شورلۇق سۇ.

**«إِنَّ الَّذِيْنَ فَتَنُوا الْمُؤْمِنِيْنَ وَالْمُؤْمِنَاتِ ثُمَّ لَمْ يَتُوبُوا فَلَهُمْ عَذَابُ جَهَنَّمَ وَلَهُمْ عَذَابُ الْحَرِيْقِ» «قرآن»** : مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن كۇفرىدىن قايتمىغانلار ، شۈبھىسىزكى ، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ . ئۇلارغا ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ.

**«شَاهَدْتُ حَرِيقًا فِي الْمَصْنَعِ فَاتَّصَلْتُ هَاتِفِيًّا بِجُنُودِ الْإِطْفَاءِ»** : زاۋۇتقا ئوت كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىغا تېلېفون بەردىم.

**بَابُ الْحَرِيقِ** : ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىشىكى.

**حَرِيقَةٌ ج حَرَائِقُ** : گۈلخان ، يانغىن ، دالا يانغىنى.

**حَرِيمٌ ج حُرُمٌ**: چەكلەنگەن جاي ، قوغدىلىدىغان جاي ؛ كىشىنىڭ ئايالى.

**حَرِيمُ الدَّارِ** : قورۇغا تەۋە جاھاز ۋە قورۇلما.

**حَرِيمٌ** : ئەدىيال.

**دَرَّاجَةٌ حَرِيمَةٌ**: ئاياللارچە ۋېلسىپىت.

**حَرِيٌّ ج حَرِيُّونَ وَأَحْرِيَاءُ م حَرِيَّةٌ ج حَرِيَّاتٌ وَ حَرَايَا** : لايىق ، تېگىشلىك، لازىم ، مۇناسىپ ، كېرەك.

**«هُوَ حَرِيٌّ بِالْإِكْرَامِ وَالتَّقْدِيرِ»** : ئۇ ھۆرمەتلەشكە ۋە قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئادەم.

**حَزَازٌ. حَزَازَةٌ ج حَزَازَاتٌ**: باشنىڭ كېپىكى ؛ ھۆل تەمرەتكە ، قوتاق ، قاپارتما؛ دۈشمەنلىك، ئاداۋەت.

**«شُغِلَ الْقَوْمُ بِحَزَازَتِهِمِ الشَّخْصِيَّةِ عَنِ الْخَطَرِ الْمُحْدِقِ بِوَطَنِهِمْ»** : قەۋم يۇرتىنىڭ بېشىغا كەلگەن خەۋپ ــ خەتەر بىلەن كارى بولماي شەخسىي دۈشمەنلىكى بىلەن بولۇپ كەتتى.

**حَزَاقَّةٌ** : جاماڭەت ، ئادەملەر توپى.

**حِزَامٌ وَ أَحْزِمَةٌ ج حُزُمٌ** : بەلۋاغ ، پوتا ، كەمەر.

**حِزَامُ السَّرْجِ** : ئۇلاڭ ، توشلۇك ، تارتما.

**حِزَامُ النَّجَاةِ مِنَ الْغَرَقِ** : بىخەتەر تاسمىسى.

**حِزَامُ الطَّرِيقِ**: يولنىڭ ئوتتۇرىسى.

**شَدَّ حِزَامَهُ** : تۆشلۈكىنى چىڭىتتى.

**«أَمَرَهُمْ بِشَدِّ الْأَحْزِمَةِ عَلَى الْبُطُونِ»** : ئۇ ئۇلارغا قورساق ئۈستىگە بەلۋاغ باغلاشقا بۇيرۇق قىلدى.

**حَزَامَةٌ**: قەتئىي بولماق ، كەسكىن بولماق ، ئۆزگە ئىشەنمەك.

**حَزَانَةٌ**: ئۇرۇق ــ تۇغقان.

**حَزَبَ يَحْزُبُ حَزْبًا الْأَمْرُ**: قاتتىق بولدى ، قاتتىق كەلدى ، ئېغىر بولدى ، ئېغىر كەلدى.

**«كَانَ الرَّسُولُ إِذَا حَزَبَهُ أَمْرٌ صَلَّى»** «حديث» : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەر بىر ئىش قاتتىق كەلسە ناماز ئۆتەيتتى.

**حَزَبَ الْقُرْآنَ** : قۇرئاننى پارلارغا بۆلدى.

**حِزْبٌ ج أَحْزَابٌ** : گۇرۇھ ، جاماڭەت ، پارتىيە.

**«كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ»** «قرآن» : ھەربىر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشالدۇر.

**حِزْبُ الْعُمَّالِ** : ئىشچىلار پارتىيىسى.

**حِزْبٌ شُيُوعِيٌّ**: كوممۇنىستىك پارتىيە.

**حِزْبُ الْجُمْهُورِيَّةِ** : جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى.

**حِزْبُ الدِّيمُوقْرَاطِيَّةِ** : دېموكراتىك پارتىيە.

**حِزْبُ الْأَحْرَارِ**: ھۆرىيەتچىلەر پارتىيىسى.

**حِزْبُ الْمُحَافِظِينَ** : كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى.

**حِزْبِيٌّ**: پارتىيىلىك ، پارتىيە ئەزاسى ، پارتىيە ئىچىدىكى.

**لَا حِزْبِيٌّ** : پارتىيىسىز ، پارتىيە سىرتىدىكى.

**حِزْبِيَّةٌ** : پارتىيىلىك.

**«مَصْلَحَةُ الْوَطَنِ فَوْقَ الْحِزْبِيَّةِ الضَّيِّقَةِ»** : دۆلەت مەنپەئەتى تار گۇرۇھۋازلىقتىن ئۈستۈندۇر.

**اَللَّاحِزْبِيَّةُ** : پارتىيىسىزلىك.

**حَزَرَ يَحْزُرُ حَزْرًا و مَحْزِرَةً**: مۆلچەرلىدى ، پەرەز قىلدى ، تەخمىن قىلدى.

**حَزَرَ يَحْزُرُ حَزْرًا وَ حُزُورًا اللَّبَنُ** : سۈت ئاچچىق بولۇپ قالدى ، ئېچىپ قالدى.

**حَزْرَةٌ ج حَزَرَاتٌ** : جەۋھەر ، مېغىز.

**حَزَّ يَحُزُّ حَزًّا**: كەستى ، ئويدى ، يوچۇق ئاچتى.

**حَزَّ رَقَبَتَهُ** : بېشىنى كەستى.

**أَلَمٌ حَزَّ فُؤَادَهُ**: ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكەن دەرد.

**«حَزَّ هٰذَا الْمَنْظَرُ فِي نَفْسِهِ»** : بۇ كۆرۈنۈش ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

**«حَزَّ الْأَمْرُ فِي صَدْرِهِ»** : تەسىر قىلدى، قايغۇغا سالدى، ئازابلىدى.

**«يَحُزُّ فِي نَفْسِي أَنْ تَسْتَمِرَّ الْخِلَافَاتُ بَيْنَنَا وَ وَطَنُنَا مُهَدَّدٌ بِالْخَطَرِ»** : يۇرتىمىز تەھدىتكە ئۇچرىۋاتقان چاغدا ئارىمىزدىكى ئىختىلاپلارنىڭ تۈگىمەيۋاتقانلىقى مېنى ئازابلايدۇ.

حَزَّ ـ حُزُوزٌ : پەرەز ، تەخمىن ؛ جىمدىي پەيت ؛ يارا ئېغىزى ؛ بەلگە ، ئالامەت.

حَزَّبَ يُحَزِّبُ تَحْزِيبًا الْقَوْمَ : قەۋمنى گۇرۇھلارغا ئۇيۇشتۇردى ، بۆلدى ، ئايرىدى.

حَزَّبَ إِلَيْهِ: يىغىلدى ، توپلاندى.

حَزَّةٌ ـ حَزَّاتٌ : پەيت ، ھالقىلىق پەيت ، پۇرسەت.

حَزَّزَ يُحَزِّزُ تَحْزِيزًا : كەستى ، يىرتتى.

حَزَّمَ يُحَزِّمُ تَحْزِيمًا: يۆگىدى ، ئورىدى ؛ تاڭدى ، باغلىدى ، چىگدى.

حَزَّنَ يُحَزِّنُ تَحْزِيْنًا : غەمكىن قىلدى ، خاپا قىلدى ، قايغۇغا سالدى.

حَزَقَ يَحْزِقُ حَزْقًا الشَّيْءَ : نەرسىنى سىقتى ، قىستى.

حَزَقَ الْوِتْرَ: تارنى چىڭىتتى.

حَزَقَ الْحِمَارُ : ئېشەك ئوسۇردى.

حِزْقٌ : جامائەت ، ئادەملەر توپى.

حَزَكَ يَحْزِكُ حَزْكًا الشَّيْءَ : سىقتى.

حَزَكَ الشَّيْءَ بِالْحَبْلِ : ئارغامچا بىلەن باغلىدى ؛ قىستى ، سىقتى، باستى.

حَزَمَ يَحْزِمُ حَزْمًا: يۆگىدى ، ئۈزدى ؛ تاڭدى، باغلىدى ، چىگدى.

حَزُمَ يَحْزُمُ حَزْمًا: قەتئىي بولدى ، كەسكىن بولدى، ئۆزىگە ئىشەندى ، پۇختا بولدى ؛ تاڭدى.

حَزْمٌ : قەتئىي بولماق ، كەسكىن بولماق ، ئۆزىگە ئىشەنمەك، تاڭماق.

«بَدَأَ الطُّلَّابُ بِحَزْمِ حَقَائِبِهِمْ إِسْتِعْدَادًا لِلْعَوْدَةِ إِلَى ذَوِيهِمْ» : ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىگە قايتىشقا تەييارلىق قىلىش يۈزىسىدىن يۈك ـ تاقلىرىنى تېڭىشقا باشلىدى.

بِحَزْمٍ : قەتئىي ، تەلتۆكۈس ، ئۈزۈل ـ كېسىل.

حُزْمَةٌ ـ حُزَمٌ : باغلام ، بوپا ، بوقچا ، تېڭىق.

حَزَنَ يَحْزُنُ حُزْنًا: قايغۇغا سالدى ، خاپا قىلدى ، كۆڭلىنى يېرىم قىلدى ، غەمگە سېلىپ قويدى.

حَزِنَ يَحْزَنُ حُزْنًا:خاپا بولدى، ھەسرەت چەكتى، قايغۇردى.

حَزِنَ يَحْزَنُ حَزَنًا لَهُ: خاپا بولدى ، ھەسرەت چەكتى ، قايغۇردى ، غەم قىلدى.

«فَرَدَدْنَاهُ إِلَى أُمِّهِ كَيْ تَقَرَّ عَيْنُهَا وَلَا تَحْزَنَ» «قرآن» : ئانىسىنىڭ خۇشال بولۇشى ، قايغۇرماسلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بىز مۇسانى ئۇنىڭغا قايتۇردۇق.

حُزْنٌ وَ حَزَنٌ ـ أَحْزَانٌ : غەم ـ قايغۇ ، ھەسرەت.

«وَابْيَضَّتْ عَيْنَاهُ مِنَ الْحُزْنِ فَهُوَ كَظِيمٌ» «قرآن» : قايغۇدىن ( كۆپ يىغلاپ ) ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتتى ( يەنى ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى ) ئۇ تولۇپ تاشقان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقانىدى.

«وَقَالُوا الْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي أَذْهَبَ عَنَّا الْحَزَنَ» «قرآن» : ئۇلار ئېيتتى : جىمى ھەمدۇ سانا بىزدىن غەم ـ قايغۇنى كەتكۈزىۋەتكەن ئاللاھقا مەنسۇپتۇر !

حَزْنٌ ـ حُزُونٌ وحُزْنٌ : ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل.

حَزِنٌ : غەمكىن ، غەمناك ، ئۇيچان.

حَزْنَانٌ : غەمكىن ، غەمناك ، ئۇيچان.

حَزْوَرَةٌ ـ حَزَاوِرُ: تېپىشماق ، سىر.

حُزُومَةٌ : قەتئىي بولماق ، كەسكىن بولماق ، ئۆزىگە ئىشەنمەك.

حَزِيبٌ ـ حَزَائِبُ : بەختسىزلىك ، پېشكەللىك.

حَزِيرَانُ : شەمسىيە 6 ـ ئاي.

حَزِيرَةٌ : جەۋھەر ، مېغىز.

حَزِيقَةٌ : جامائەت ، ئادەملەر توپى.

حَزِينٌ ـ حُزَنَاءُ : غەمكىن ، ئۇيچان ، غەمناك.

حَسَا يَحْسُو حَسْوًا : بىر يۇتۇم ـ بىر يۇتۇمدىن ئىچتى ، بىر ئوتلام ـ بىر ئوتلامدىن ئىچتى.

«إِسْتَعَانَ بِأَكْوَابٍ مِنَ الشَّايِ يَحْسُوهَا هَادِئًا رَفِيقًا» : ئىستاكانلاردىكى چايلارنى ئاستا ئوتلىدى.

حَسَا الْحَسَاءَ: شورپىنى ئوتلىدى.

حَسَا. حَسَاءٌ : شورپا.

حِسَابٌ ج حِسَابَاتٌ : ھېساب ، مىقدار ؛ ھېسابات ، سان مۆلچەر ، پەرەز.

حِسَابُ التَّفَاضُلِ : دىففېرېنسىئال ھېساب.

عَلَى الْحِسَابِ : نىسى ، ھېساب.

يَوْمُ الْحِسَابِ : قىيامەت كۈنى.

عَلَى حِسَابِ فُلَانٍ: پالانىنىڭ خىراجىتى بىلەن.

قَائِمَةُ الْحِسَابِ : ھېسابات تالونى.

حِسَابٌ مَفْتُوحٌ : بوغۇلمىغان ھېسابات.

حِسَابُ الْأَرْبَاحِ وَالْخَسَائِرِ : كىرىم - چىقىم ھېساباتى.

حِسَابُ التَّمَامِ وَالتَّكَامُلِ : ئىنتىگال.

حِسَابُ الْجُمَّلِ : ئەبجەد ھېسابى.

حِسَابُ الْمُثَلَّثَاتِ : ترىگونومېترىيە.

حِسَابٌ خِتَامِيٌّ : يىللىق ھېساب.

«كَانُوا يَدْرُسُونَ عَلَى حِسَابِ الدَّوْلَةِ» : ئۇلار دۆلەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇۋاتقانىدى.

رَئِيسُ الْحِسَابَاتِ : باش بوغالتىر.

حِسَابُ الْمِيزَانِيَّاتِ الْخِتَامِيَّةِ : ئاتچوت.

حِسَابِيٌّ: ھېسابقا خاس ، ھېسابىي ، ھېسابلىق.

حُسَاقَةٌ : ھەممە نەرسىنىڭ ناچىرى ، تاشلاندۇقى ؛ دۆشمەنلىك.

حُسَاقَةٌ مِنَ النَّاسِ : ئادەملەرنىڭ ئوسسۇلى.

حُسَالَةٌ : كېرەكسىز نەرسە ، قىرىش.

حُسَامٌ: ئۆتكۈر قىلىچ ، خەنجەر ، شەمشەر.

«بَعْضُ الْكَلَامِ أَقْطَعُ مِنَ الْحُسَامِ» : بەزى سۆزلەر تىغدىنمۇ ئۆتكۈر.

اَلْحُسَّانُ: چىرايلىق ، ئىنتايىن گۈزەل.

حَسِبَ يَحْسَبُ حِسْبَانًا الشَّيْءَ: ئويلىدى ، پەرەز قىلدى ، گۇمان قىلدى ، . . . دەپ سانىدى.

«حَسِبَ لِكُلِّ شَيْءٍ حِسَابَهُ» : ئىشنى ئەتراپلىق ئويلاندى.

حَسِبَةٌ : مۆلچەرلىدى.

«يَجِبُ أَنْ نَحْسَبَ حِسَابَ النِّفْطِ الْمُتَدَفِّقِ فِي أَرَاضِينَا» : يېرىمىزدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان نېفىتنىڭ ھېسابىنى ئەتراپلىق مۆلچەرلىشىمىز كېرەك.

«وَتَحْسَبُهُمْ أَيْقَاظًا وَهُمْ رُقُودٌ» (قرآن) : ئۇلارنى ئويغاق دەپ ئويلايسەن ، ھالبۇكى ، ئۇلار ئۇيقۇدىدۇر.

حَسُبَ يَحْسُبُ حَسَبًا : تېگى - تەكتى ئېسىل بولدى ، نەسەبى ئېسىل بولدى.

حَسَبَ يَحْسُبُ حِسَابًا وَ حُسْبَانًا الْمَالَ: ساناندى ، ھېسابلىدى.

حَسَبَ النَّجْمَ : يال ئاچتى ، رەم باقتى.

حَسْبٌ : مۆلچەرلىمەك ؛ توشماق ، توپلىماق؛ يېتەرلىك.

حَسْبُكَ دِرْهَمٌ : ساڭا بىر درھەم يېتەرلىك.

«يَاأَيُّهَا النَّبِيُّ حَسْبُكَ اللّٰهُ وَمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ» (قرآن) : ئى پەيغەمبەر ! ئاللاھ ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر.

فَحَسْبُ : پەقەت، يالغۇز.

«لَا يُجِيدُ أُسْتَاذُنَا اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ فَحَسْبُ، بَلْ يُتْقِنُ الْإِنْجِلِيزِيَّةَ أَيْضًا» : ئۇستازىمىز ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلىپلا قالماي ، ئىنگلىز تىلىنىمۇ پۇختا بىلىدۇ.

نَعْمَلُ حَسَبَ النِّظَامِ تۈزۈم بويىچە ئىشلەيمىز.

بِحَسْبِ كَذَا : . . . غا ئاساسەن، بويىچە.

بِحَسْبِ شَرِيعَتِنَا : شەرىئىتىمىزگە ئاساسەن.

حَسَبَمَا: قانداق قىلىپ، قانداقچە، قانداقلا.

«حَشَرَ نَفْسَهُ بَيْنَ النَّاسِ حَسَبَمَا اتَّفَقَ» : كىشىلەر ئارىسىدا قانداقلا ئىشقا توغرا كەلسە ئاقساقاللىق قىلىدۇ.

حَسَبٌ ج أَحْسَابٌ : ئەجدادلارنىڭ شان - شەرەپى ، تېگى - تەكتىنىڭ ئېسىللىكى ؛ سان ؛ مۆلچەم بويىچە.

حُسْبَانٌ : سانىماق ، ھېسابلىماق ، ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرماق ؛ بالا - قازا ؛ گۇمان ؛

تەدبىر ؛ ھالاكەت ؛ . . . دەپ تونۇماق ؛ مۆلچەرلىمەك، پەرەز قىلىنمىغان، كۆڭۈلگە كەلمىگەن.

**«الشَّمْسُ وَالْقَمَرُ بِحُسْبَانٍ» «قرآن»** : كۈن بىلەن ئاي ( ئۆز بۇرچلىرىنى ) مۇئەييەن ھېساب بويىچە سەير قىلىدۇ.

**«وَجَّهَ إِلَيْهِ أَسْئِلَةً لَمْ تَكُنْ فِي الْحُسْبَانِ»** : ئۇ پەرەز قىلىمىغان سوئاللارنى ئۇنىڭغا قويدى.

**حِسْبَانٌ** : ھېساب ؛ يامانلىق؛ بالا ـ قازا؛ گۇمان؛ سانىماق ، تونۇماق.

**«وَيُرْسِلَ عَلَيْهَا حُسْبَانًا مِنَ السَّمَاءِ فَتُصْبِحَ صَعِيدًا زَلَقًا» «قرآن»** : بېغىڭغا ئاسماندىن بىر ئاپەت يۇزلەندۇرۇش بىلەن بېغىڭ تۈپتۈز قاقاس يەرگە ئايلىنىپ قالغاي.

**حِسْبَةٌ ج حِسَبٌ** : ئەجىر، ساۋاب؛ ھەق؛ ئومۇمىي، جەمئىي، ھەممىسى؛ دەپنە قىلماق، كۆممەك (بۇ ئىسلام دۆلەتلىرىدە بۇرۇنقى چاغدا بىر مەنسەپنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ مەنسەپكە ئىگە بولغان ئادەم، مال باھاسىنى ئىجتىمائىي ئەدەپ ـ ئەخلاقلارغا ئائىت قاتارلىق ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇراتتى) .

**حَسْبَلَ يُحَسْبِلُ حَسْبَلَةً «حَسْبِيَ اللهُ»** : دېدى.

**حَسْحَسَ يُحَسْحِسُ حَسْحَسَةً اللَّحْمَ** : گۆشنى كاۋاپ قىلدى.

**حَسْحَسَ لَهُ** : ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى ، ماتەم تۇتتى.

**حَسَدَ يَحْسُدُ حَسَدًا** : ھەسەت قىلدى ، ئىچى تارلىق قىلدى ، كۆرەلمىدى.

**«لَيْسَ لِلْحَاسِدِ إِلاَّ مَاحَسَدَ»** : ھەسەت قىلغۇچى ھەسەت قىلغاندىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

**«أَمْ يَحْسُدُونَ النَّاسَ عَلَى مَا آتَاهُمُ اللهُ مِنْ فَضْلِهِ» «قرآن»** : ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە ( يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە ) ھەسەت قىلىشامدۇ ؟

**حَسَدٌ** : ھەسەت قىلماق ، كۆرەلمەسلىك ، ئىچى تارلىق قىلماق.

**«أَكَلَ الْحَسَدُ قَلْبَهُ»** : قاتتىق ھەسەت قىلدى.

**حَسَرَ يَحْسُرُ حُسُورًا** : ئېچىلدى ، پاش بولدى، ئاشكارىلاندى.

**حَسَرَ كُمَّهُ** : يېڭىنى تۈردى.

**«فَحَسَرَ عَنْ ذِرَاعَيْهِ»** : ئۆزىنىڭ ئىككى بىلىكىنى ئېچىۋەتتى.

**حَسَرَ الْقِنَاعَ** : قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلىدى.

**حَسَرَ الشَّيْءُ** : ئېچىلدى ، ئاشكارا بولدى.

**حَسَرَ عَنْ رَأْسِهِ** : يالاڭباشتاق بولىۋالدى.

**حَسِرَ يَحْسَرُ حَسْرًا عَلَى الشَّيْءِ** : ھەسرەت چەكتى ، قايغۇردى ، ئەلەم چەكتى.

**حَسَرَ يَحْسُرُ حَسَارَةً الْبَصَرُ** : كۆز تالدى ، كۆز تورلاشتى ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاشتى.

**حَسْرٌ** : ھەسرەت ، غەم ـ قايغۇ.

**حُسْرٌ** : يېقىنىنى كۆرەلمەسلىك كېسىلى.

**حَسِيرٌ** : ھارغان ، تالغان ، چارچىغان ، ئاجىز ، زەئىپ.

**حَسْرَانٌ م حَسْرَى ج حَسَارَى** : ئەپسۇسلانغۇچى ، پۇشايمان قىلغۇچى ، ھەسرەت چەككۈچى.

**حَسْرَةٌ ج حَسَرَاتٌ** : ھەسرەت ، قايغۇ.

**«وَإِنَّهُ لَحَسْرَةٌ عَلَى الْكَافِرِينَ» «قرآن»** : قۇرئان كۇففارلارغا ( ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابىنى ۋە ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئازابىنى كۆرگەن چاغدا ) ئەلۋەتتە ھەسرەت بولىدۇ.

**«يُرَدِّدُ فِي نَفْسِهِ حَسَرَاتِ الْحَنِينِ إِلَى مَنْزِلِهِ وَأَرْضِهِ»** : ئۇ دىلىدا ئۆيىگە ۋە يۇرتىغا بولغان سېغىنىش ھەسرەتلىرىنى قايتىلايتتى.

**«يَا حَسْرَتَا عَلَى مَا فَرَّطْتُ فِي جَنْبِ اللهِ» «قرآن»** : ئاللاھنىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت !

**يَا حَسْرَتِي وَا حَسْرَتَا يَا لَلْحَسْرَةِ** : ۋاي ئىسىت، ۋايىيەي ، ۋايجان ، ۋاي ھەسرەت ، ۋاي نادامەت.

**حَسَّ يَحِسُّ حَسًّا حَسِيسًا لَهُ**: ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى ، رەھمى كەلدى ، ھېسداشلىق بىلدۇردى.

**حَسَّ الْبَرْدُ الزَّرَاعَ** : سوغۇق زىرائەتنى نابۇت قىلدى.

حَسَّ الْحِمَّانَ : ئاتنى تاراپ تازىلىدى.

«ضَرَبْتُ يَدِي عَلَى جَبِينِي فَلَمْ أُحِسَّ مِخْفَقَةَ نُقُودِي» : مەن قولۇمنى يانچۇقۇم ئۈستىگە ئۇردۇم ۋە پۇل قاپچۇقۇمنى سەزمىدىم.

حِسٌّ: ھېس قىلىش، سېزىش؛ ئاۋاز؛ تۇغۇت تولغىقى.

«يَتَمَتَّعُ هَذَا الرَّسَّامُ بِحِسٍّ فَنِّيٍّ» : بۇ رەسسام سەنئەت تۇيغۇسى بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ.

حَسٌّ : ھېس، سېزىم.

حَسَّاسٌ : سېزىمچانلىقى كۈچلۈك، سەزگۈر، سېزىمچان، ھېسسىياتچان.

مَكَانٌ حَسَّاسٌ : سېزىمچانلىق كۈچلۈك جاي.

مَوْضُوعٌ حَسَّاسٌ : سەزگۈر مەسىلە.

«ضَرَبَهُ فِي مَكَانٍ حَسَّاسٍ مِنْ جِسْمِهِ» : ئۇ ئۇنىڭ جىسمىنىڭ سەزگۈر يېرىگە ئۇردى.

حَسَّاسَةٌ : سەزگۈر ئەزا؛ ئانتېنا.

نُقْطَةٌ حَسَّاسَةٌ : سېزىمچانلىقى كۈچلۈك نۇقتا.

حَسَّاسِيَّةٌ : سېزىمچانلىق، سەزگۈرلۈك، توك ياكى ماگنىتنىڭ جىسىملارغا بولغان تەسىرى.

مَرَضُ الْحَسَّاسِيَّةِ : سېزىمچانلىق كېسەللىكى، سەزگۈرلۈك كېسەلى.

«لِأَنْفِ الْكَلْبِ حَسَّاسِيَّةٌ خَاصَّةٌ» : ئىتنىڭ بۇرنى ئالاھىدە سېزىمچان ئىكەن.

حُسَّانٌ : بەكمۇ گۈزەل، ئىنتايىن چىرايلىق.

حَسَّبَ يُحَسِّبُ تَحْسِيبًا: كۆپلەپ سانىدى، ساناقتا مۇبالىغە قىلدى.

حَسَّبَ الْمَيِّتَ: مېيىتنى دەپنە قىلدى؛ كېپەن بىلەن دەپنە قىلدى، كېپەنلەپ دەپنە قىلدى.

حَسَّدَ يُحَسِّدُ تَحْسِيدًا : ھەسەت قىلدى، ئىچى تارلىق قىلدى، كۆرەلمىدى.

حَسَّرَ يُحَسِّرُ تَحْسِيرًا : ئېچىندۇردى، ھەسرەتكە سېلىپ قويدى.

حَسَّسَ يُحَسِّسُ تَحْسِيسًا مِنَ الْقَوْمِ : خەۋەرنى سۈرۈشتۈردى.

حَسَّقَ يُحَسِّقُ تَحْسِيقًا : ئادالىدى.

حَسَّكَ يُحَسِّكُ تَحْسِيكًا : بېخىللىق قىلدى، پىخسىقلىق قىلدى.

حَسَّنَ يُحَسِّنُ تَحْسِينًا : ياخشىلىدى، گۈزەللەشتۈردى، زىننەتلىدى، بېزىدى، پەردازلىدى.

«لَقَدْ حَسَّنُوا طَرِيقَةَ عَمَلِهِمْ وَبِذَلِكَ ازْدَادَتْ فَعَالِيَتُهُمْ» : ئۇلار ئىش ئۇسۇلىنى ياخشىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

حِسِّيٌّ : ھېسسىي، ھېس قىلىشقا بولىدىغان.

اَلْإِدْرَاكُ الْحِسِّيُّ : ھېسسىي بىلىش، سەزگۈ.

حَسَقَ يَحْسِقُ حَسْقًا الْحَيَّةُ : يىلان كۈش-كۈش ئاۋاز چىقاردى.

حَسَقَ التَّمْرَ : خورمىنى ئادالىدى، ئىلغىدى.

حَسِكَ يَحْسَكُ حَسَكًا: غەزەپلەندى، ئاچچىقلاندى.

حَسِكَ الدَّابَّةُ : ئۇلاغ ئېغىزدۇرۇقنى چاينىدى.

حَسَكٌ : بۇدۇشقاق.

حَسَكُ السَّمَكِ : بېلىقنىڭ قىلتىرىقى.

«لَقَدْ عَلَقَتْ حَسَكَةُ السَّمَكِ فِي حَلْقِهِ» : بېلىقنىڭ قىلتىرىقى گېلىدە تۇرۇپ قالدى.

حَسْكَنِيتٌ : تىكەن.

حَسَكِيٌّ : تىكەنلىك، تىكەنى بار، قىلتىرىقلىق.

حِسْلٌ ج حِسْلَةٌ وَ أَحْسَالٌ وَ حُسُولٌ وَ حِسْلَانٌ : كېچىك بۆرما مىخ.

حَسَمَ يَحْسِمُ حَسْمًا : ئۈزدى؛ توستى؛ تاشلىدى.

حَسَمَ الْأَمْرَ : ئىشنى قارار قىلدى، توختام قىلدى، مۇقىملاشتۇردى، بەلگىلىدى.

حَسَمَ الْقَوْمَ : تەلتۆكۈس يوقاتتى، يىلتىزىدىن تۈگەتتى.

«هَذِهِ قَضِيَّةٌ يَحْسِمُهَا الرَّأْيُ الْجَامِعِيُّ لَا الْفَرْدِيُّ» : بۇ مەسىلە شەخسىي بىر كىشىنىڭ پىكرى بىلەن ئەمەس، جامائەتنىڭ پىكرى بىلەن ھەل بولىدۇ.

«حَسَمَ التَّاجِرُ عَشَرَةً بِالْمِائَةِ مِنْ سِعْرِ الْبِضَاعَةِ» : سودىگەر مالنىڭ باھاسىنى 10% چۈشۈردى.

حَسْمٌ : قارار قىلماق، كەسمەك؛ مۇقىملاشتۇرماق، ھۆكۈم قىلماق؛ چۈشۈرۈۋەتمەك؛ يەتمەك.

**حَسُنَ وَ حَسَنَ يَحْسُنُ حُسْنًا الشَّيْءُ** : گـۈزەل بولدى ، كۆركەم بولدى ، چىرايلىق بولدى.

**«يَحْسُنُ بِكَ أَنْ تُكْمِلَ عَمَلَكَ بِدُونِ تَأْخِيرٍ أَوْ تَأْجِيلٍ»** : ئىشىڭنى كېيىنگە سۈرمەي تاماملىساڭ ساڭا ياخشى بولىدۇ.

**«حَسُنَ الطَّالِبُ أَدَبًا»** : ئوقۇغۇچىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى چىرايلىق بولدى.

**«يَحْسُنُ بِكَ»** : ساڭا ياخشى بولىدۇ.

**«مُتَّكِئِينَ عَلَى الْأَرَائِكِ نِعْمَ الثَّوَابُ وَ حَسُنَتْ مُرْتَفَقًا» «قرآن»** : (ئالتۇن ۋە ئېسىل رەختلەر بىلەن قاپلانغان) تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى مۇكاپات!

**حُسْنٌ** : گۈزەللىك ، هۆسن - جامال؛ چىراي ، مېھرى.

**«وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حُسْنًا» «قرآن»** : ئىنساننى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق.

**حُسْنُ الْأَدَبِ** : گۈزەل ئەخلاق ، ئەدەپ - ئەخلاق.

**مِنْ حُسْنِ حَظِّي**: بەخت تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەنلىكتىن.

**حُسْنُ الْخُلُقِ** : ياخشى خۇلق ، ياخشى ئادەت ، گۈزەل ئەخلاق.

**حُسْنُ الظَّنِّ** : ياخشى نىيەت ، ياخشى ئوي.

**حُسْنُ الْبَلَاءِ فِي** : ئىرادىلىك.

**حُسْنُ الْمُعَامَلَةِ**: ياخشى مۇئامىلە، گۈزەل مۇئامىلە.

**حُسْنُ الْقَبُولِ**: كېلىشىملىك ، ئوڭلۇقلۇق.

**حُسْنُ السِّيَرِ وَ السُّلُوكِ** : ياخشى ئەخلاق.

**حُسْنُ الْجِوَارِ**: ياخشى قوشنىدارچىلىق.

**حُسْنُ الْإِبْتِدَاءِ «فِي الْبَدِيعِ»** : سۆز - ماقالىنىڭ ياخشى باشلىنىشى ، بەدىئىي جەھەتتىن ئۈستۈن بولۇشى.

**حُسْنُ الْإِنْتِهَاءِ «فِي الْبَدِيعِ»** : سۆز - ماقالىنىڭ ياخشى چۈشۈشى.

**حُسْنُ التَّعْبِيرِ «فِي الْبَيَانِ»** : ياخشى ئىپادىلەش.

**حُسْنُ الْقَصْدِ أَوْ النِّيَّةِ** : ياخشى نىيەت ، خەير - خاھلىق ، دوستانىلىق.

**حَسَنٌ ج حِسَانٌ** : ياخشى ، چىرايلىق ، كېلىشكەن ، گۈزەل.

**حَسَنُ الْمَخْبَرِ وَ الْمَظْهَرِ** : ئىچى - تېشى چىرايلىق ، گۈزەل.

**اَلنِّيَّةُ الْحَسَنُ** : ياخشى نىيەت.

**حَسَنًا** : ياخشى قىلدىڭ ، ئوبدان قىلدىڭ ، ھەببەللى.

**«قَالَ «حَسَنًا» حَسَنًا» مَرَّاتٍ مُتَتَالِيَةٍ»** : ياخشى - ياخشى دېدى.

**حَسْنَاءُ**: چىرايلىق ئايال ، نازىنىن.

**اَلْحَسَنَانِ** : پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن.

**حَسَنَةٌ ج حَسَنَاتٌ**: ياخشىلىق، ئېھسان، سەدىقە.

**«مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ عَشْرُ أَمْثَالِهَا» «قرآن»** : بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئون ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ.

**«أَعْطَيْتُ السَّائِلَ حَسَنَةً»** : مەن تىلەمچىگە سەدىقە بەردىم.

**«اَلْحَسَنَاتُ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ» «قرآن»** : ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يوقىلىدۇ.

**اَلْحُسْنَى**: ياخشى ئاقىۋەت، ياخشى نەتىجە، گۈزەل، چىرايلىق.

**«أَيًّامَا تَدْعُوا فَلَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى» «قرآن»** : قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر) . چۈنكى ئاللاھنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار.

**«وَ كُلًّا وَعَدَ اللّٰهُ الْحُسْنَى» «قرآن»** : بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ جەننەتنى ۋەدە قىلدى.

**أَسْمَاءُ اللّٰهِ الْحُسْنَى** : ئاللاھ تائالانىڭ 99 گۈزەل ئىسمىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**حُسْنَيَانِ** : ئاللاھ يولىدا زەپەر قۇچۇش ۋە شېھىت بولۇش.

**«قُلْ هَلْ تَرَبَّصُونَ بِنَا إِلاَّ إِحْدَى الْحُسْنَيَيْنِ» «قرآن»** : ئېيتقىنكى ، « سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر.

**اَلْحَسَنِيُّونَ** : ئىمام ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ نەسلىدىن بولغانلار.

**حَشْوَةٌ ج حَشَوَاتٌ** : بىر يۇتۇم ، بىر ئوتلام.

**خُشْوَةٌ ج خُشَوَاتٌ** : بىر ئوتلام ئىچىملىك.

**حَسُودٌ ج حُسَّدٌ** : ھەسەتخور ، ئىچى تار.

**حُسُودٌ**: كۆرەلمەسلىك كېسىلى.

**حُسُومٌ**: ئارقىمۇ ئارقا، ئۈزۈلدۈرمەي.

**«سَخَّرَهَا عَلَيْهِمْ سَبْعَ لَيَالٍ وَثَمَانِيَةَ أَيَّامٍ حُسُومًا»** «قرآن» : ئاللاھ ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە ، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئاپىرىدە قىلدى.

**حَسَى يَحْسِي حَسْيًا**: ئارقىمۇ ئارقا ؛ شۇملۇق ، ياماللىق.

**حِسْيٌ.حَسْيٌ ج أَحْسَاءٌ وَ حِسَاءٌ** : ساسلىق.

**حَسِيبٌ ج حُسَبَاءُ** : ئېسىلزادە ، ئاقسۆڭەك ، تېگى ئېسىل ، ئېسىل نەسەبلىك.

**«كَفَى بِنَفْسِكَ الْيَوْمَ عَلَيْكَ حَسِيبًا»** «قرآن» : بۈگۈن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭلا كۇپايە.

**حَسِيبُكَ أَوْ حَسْبُكَ اللّٰهُ** : ئاللاھ ساڭا كۇپايە قىلىدۇ ، ئاللاھ ساڭا يېتەرلىك.

**اَلْحَسِيبُ** : ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ «ھەممىدىن ھېساب ئالغۇچى» دېگەن مەنىدە.

**حَسِيرٌ ج حَسْرَى** : ھارغان ، تالغان ، چارچىغان ، ئاجىز ، زەئىپ.

**حَسِيرُ الطَّرْفِ**: كۆزى ئاجىز ، كۆز نۇرى قاچقان ، كۆزى تالغان.

**«يَنْقَلِبُ إِلَيْكَ الْبَصَرُ خَاسِئًا وَ هُوَ حَسِيرٌ»** «قرآن» : كۆزۈڭ ئۈمىدسىز ئۈزگەن ۋە تالغان ھالدا قايتىدۇ.

**حَسِيسٌ** : ئىنچىكە ئاۋاز ، يوشۇرۇن ئاۋاز ، پىچىر - پىچىر ئاۋاز.

**«لَا يَسْمَعُونَ حَسِيسَهَا»** «قرآن» : ئۇلار دوزاخنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىمايدۇ.

**حَسِيفَةٌ**: ھەممە نەرسىنىڭ ناچىرى ، تاشلاندۇقى ؛ دۈشمەنلىك.

**حَسِينٌ** : چىرايلىق ، ئىنتايىن چىرايلىق.

**حَشَا يَحْشُو حَشْوًاالْوِسَادَةَ**: ياستۇقنى قاپلىدى.

**حَشَا الطَّبِيبُ سِنَّهُ** : دوختۇر ئۇنىڭ چىشىنى قاپلىدى.

**حَشًا ج أَحْشَاءٌ**: ( ئادەمنىڭ ) ئىچكى ئەزالىرى.

**أَحْشَاءُالْأَرْضِ**: كان بايلىقى، يەر ئاستى بايلىقى.

**حُشَاشٌ** : سەكراتتىكى ئادەم ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئادەم.

**«سَمِعْتُ صَوْتًا صَارِخًا يَخْرُجُ مِنْ أَحْشَاءِ اللَّيْلِ»** : كېچە قاراڭغۇلۇقىدا چىقىۋاتقان ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم.

**حَشَأَ يَحْشَأُ حَشْأً النَّارَ** : ئوتنى ياقتى ، ئوتنى تۇتاشتۇردى.

**حَشَدَ يَحْشُدُ و يَحْشِدُ حَشْدًا الشَّيْءَ**: يىغدى ، توپلىدى ، جەملىدى.

**حَشَدَ الْقَوْمُ** : جەم بولۇپ بىر ياقىدىن باش چىقاردى.

**حَشَدَ الزَّرْعُ** : ئۆسۈملۈك مايسا بولدى.

**حَشْدٌ ج حُشُودٌ** : يىغماق ، توپلىماق ؛ توپ ، جامائەت.

**«إِنَّ حَشْدَ الْقُوَّاتِ عَلَى طُولِ الْحُدُودِ يَتَطَلَّبُ دَائِمًا إِسْتِعْدَادَاتٍ كَبِيرَةً»** : ئۇزۇن كەتكەن چېگرىلارغا قوشۇن توپلاش ھەمىشە زور تەييارلىقلارنى تەلەپ قىلىدۇ.

**«طَلَبَتِ الْحُكُومَةُ مِنَ الْأُمَمِ الْمُتَّحِدَةِ التَّحْقِيقَ فِي أَمْرِ الْحُشُودِ الْعَسْكَرِيَّةِ عَلَى حُدُودِهَا»** : ھۆكۈمەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن ئۆز چېگرىسىغا توپلانغان قوشۇن مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى.

**حَشْدُ الْجُنُودِ** : ئەسكەر توپلىماق.

**حَشَرَ يَحْشُرُ حَشْرًا النَّاسَ**: توپلىدى ، يىغدى ؛ چىقىرىۋەتتى ؛ يۆتكىۋەتتى ؛ ھالاك قىلدى ؛ ئۆچۈردى ، يوقىدى.

**«اَللّٰهُمَّ تَوَفَّنِي فَقِيرًا وَ لَاتَتَوَفَّنِي غَنِيًّا وَاحْشُرْنِي فِي زُمْرَةِ الْمَسَاكِيْنَ»** «حديث» : ئى ئاللاھ! مېنى باي ھالەتتە ئەمەس، كەمبەغەل ھالەتتە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى قىيامەت كۈنى

مىسكىنلەر قاتارىدا قىلغىن.

**حُشِرَ فِي رَأْسِهِ** : بېشى يوغىنىدى.

**حُشِرَتِ الْوُحُوش** : ياۋايى هايۋاناتلار ئۆلدى ، هالاك بولدى.

**حَشْرٌ** : توپلىماق ، يىغماق.

**يَوْمُ الْحَشْرِ**: قىيامەت كۈنى.

**حَشَرَةٌ ج حَشَرَاتٌ**: قۇرت-قوڭغۇزلار، هاشارات.

**عِلْمُ حَشَرَاتٍ** : هاشاراتشۇناسلىق.

**حَشْرَجَ يُحَشْرِجُ حَشْرَجَةً الْمَرِيضُ** : ئاغرىق خىرقىرىدى ، كېكىرتەكتىن خىرقىراق ئاۋاز چىقاردى.

**حَشْرَجَةٌ ج حَشْرَجَاتٌ** : خىرقىرىغان ئاۋاز.

**حَشَّ يَحُشُّ حَشًّاالْحَشِيشَ**: ئوت ئوردى.

**حَشَّ النَّارَ** : ئوت ياقتى ، ئوت تۇتاشتۇردى.

**حَشَّ الْحَرْبَ**: ئۇرۇش قوزغىدى، ئۇرۇش باشلىدى.

**حَشَّاشٌ** : نەشىكەش ، بەك چېكىدىغان ئادەم، نەشە سودىگىرى.

**حَشَّدَ يُحَشِّدُ تَحْشِيْدًا الشَّيْءَ**: يىغدى، توپلىدى، جەملىدى.

**حَشَّرَ يُحَشِّرُ تَحْشِيرًا الْمَالَ** : مال توپلىدى ، بايلىق توپلىدى ، مال كۆپەيتتى.

**حَشَّشَ يُحَشِّشُ تَحْشِيشًا** : نەشە چەكتى.

**حَشَّمَ يُحَشِّمُ تَحْشِيمًا** : خىجىل قىلدى ، ئۇيالدۇردى ؛ غەزەپلەندۈردى ، ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

**حَشَّى يُحَشِّي تَحْشِيَةً الْكِتَابَ** : كىتابقا هاشىيە چىقاردى ، كىتابقا شەرھى يازدى ؛ پەۋازلىدى.

**حَشَّى الثَّوْبَ**: كىيىمنى پەۋازلىدى ، كىيىمگە پەۋاز تۇتتى.

**حَشَّى فِي النَّصِّ الْأَصْلِيِّ** : ئەسلى تېكىستكە شەرھى يازدى ، ئىزاهات يازدى.

**حَشَفٌ** : خورمىنىڭ ئەڭ ناچىرى.

**حَشَفَةُ الْقَضِيبِ ج حَشَفَاتٌ و حِشَافٌ** : زەكەرنىڭ ئۇچى ، بەتلىمى.

**حَشَكَ يَحْشِكُ حَشْكًا وَ حُشُوكًا**: توپلىدى، توپلاندى، يىغىلدى.

**حَشَكَتِ الرِّيْحُ** : شامال قاتتىق چىقتى.

**حَشَكَتِ النَّخْلَةُ** : خورما بۇلۇق بولدى.

**حَشْكَةٌ** : ئۆتكۈنچى يامغۇر.

**حَشَكَةٌ** : ئاما ، ئاۋام ، جامائە.

**حَشَمَ يَحْشُمُ و يَحْشِمُ حَشْمًا**: خىجىل قىلدى، ئۇيالدۇردى؛ غەزىپىنى كەلتۈردى، ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

**حَشِمَ يَحْشَمُ حَشْمًا**: خىجىل بولدى ، ئۇيالدى؛ غەزەپلەندى ، ئاچچىقلاندى.

**حَشَمٌ ج أَحْشَامٌ** : خىزمەتچى ، خادىم ، قوغدىغۇچى ؛ ئەسكەر.

**حَشَمُ الرَّجُلِ**: خوشلۇقتا بولسۇن، خاپىلىقتا بولسۇن، كىشى بىلەن بىللە بولىدىغان ئائىلىسىدىكىلىرى، قوشنىلىرى، دوستلىرى.

**حِشْمَةٌ** : هايا قىلماق ، تارتىنماق ، قورۇنماق ؛ ئەدەپ ، ئەدەپلىك ؛ تۇغقانچىلىق.

**حُشْمَةٌ**: ئايال ؛ ئۇرۇق - تۇغقان.

**حَشْوٌ ج اَلْمَحَاشِي**: تولدۇرما ماتېرىيال، سەپلىمە.

**«لَاقِيْمَةَ لِلتَّعْلِيْمِ إِذَا كَانَ يَعْتَمِدُ عَلَى حَشْوِ الدِّمَاغِ بِالْمَعْلُومَاتِ»** : ساۋاتلار بىلەن كاللىنى تولدۇرۇشنى ئاساس قىلغان مائارىپنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

**«تَجِدُ فِي كِتَابَاتِ بَعْضِ الْمُؤَلِّفِينَ كَثِيْرًا مِنَ التَّكْرَارِ وَالْحَشْوِ لِغَيْرِ ضَرُورَةٍ أَوْ فَائِدَةٍ»** : بەزى يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىدا نۇرغۇنلىغان تەكرارلىنىشلارنى ۋە پايدىسى يوق زىيادە سۆزلەرنى كۆرىسەن.

**حَشْوَةٌ** : ئارتۇقچە گەپ.

**حَشْوَةٌ. حِشْوَةٌ. حُشْوَةٌ**: ئادەمنىڭ قورسىقىدىكى مايدىن باشقا ئىچكى ئەزالىرى.

**حُشْوَةٌ. حِشْوَةٌ**: يارامسىز نەرسە؛ لۆكچەك، ساياق.

**حَشِيَ يَحْشَى حَشْيًا** : دەم سىقىلدى ، زىققە كېسەللىك بولدى ، نەپەس سىقىلدى.

**حَشًى ج أَحْشَاءٌ**: ئىچكى ئەزالار.

**مِنْ بَيْنِ الْحَشَى** : يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلامىلىرىدىن.

**حَشِيْشٌ** : ئوت - چۆپ ، كەندىر.

اَلْحَشِيشُ الصِّينِيُّ: ئاق كەندىر.

حَشِيشَةٌ ج حَشَائِش: ئوت – خەس؛ كەندىر.

حَشِيشَةُ الْجَبَلِ: قىرىق قۇلاق.

حَشِيشَةُ الْبَحْرِ: دېڭىز ئوت – چۆپى.

حَشِيكَةٌ: ئارپا.

حَشِيمٌ ج حُشَمَاءُ: ھايالىق، ئارتىنچاق، نومۇسچان؛ سالاپەتلىك؛ قوشنا؛ مېھمان.

حَشِيَّةٌ ج حَشَايَا: پاختا – يۇڭ سېلىنغان تۆشەك.

حَشِيَّةٌ مِنْ قَشٍّ: ئوت – خەس تىقىلغان تۆشەك.

حَصَا يَحْصُو حَصْوًا: توستى، مەنئى قىلدى، چەكلىدى.

حَصَاةٌ: شېغىل، ئۇششاق تاش.

حَصَاةُ اللِّسَانِ: تىلنىڭ راۋانلىقى.

حَصَاةٌ بَوْلِيَّةٌ: بۆرەكتىكى تاش، سۈيدۈك يولىدىكى تاش، دوۋساقتىكى تاش.

حَصَاةٌ صَفْرَاوِيَّةٌ: ئۆتتىكى تاش.

طَرْقُ الْحَصَاةِ. ضَرْبٌ بِالْحَصَاةِ: تاش بىلەن پال سالماق.

حَصَادٌ. حِصَادٌ: ھوسۇل يىغىش مەزگىلى.

«اَلْكِتَابُ فِي مُجْمَلِهِ حِصَادُ تَجَارِبَ قَيِّمَةٍ»: بۇ كىتاب ئومۇمەن ئېيتقاندا قىممەتلىك تەجرىبىلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

«مَا حَصَادُ جُهْدِكَ هَذَا الْعَامِ»: بۇ يىللىق تىرىشچانلىقىڭنىڭ نەتىجىسى قانداق؟

«هَذِهِ الْمَسَاحَةُ الْوَاسِعَةُ مِنْ حُقُولِ الْقَمْحِ قَدْ تَمَّ حَصْدُهَا بِالْحَصَّادَةِ فِي خِلَالِ سَاعَةٍ وَاحِدَةٍ»: بۇ كەڭ كەتكەن بۇغدايلار كومبايىن بىلەن بىر سائەت ئەتراپىدا ئورۇلۇپ بولدى.

«أَدِّ زَكَاةَ حَصَادِكَ»: مەھسۇلاتىڭنىڭ زاكاتىنى ئادا قىلغىن!

«حَمَلَ عَلَى حَصَادٍ وَافِرٍ»: مول ھوسۇل ئالدى.

«فَرِحَ أَهْلُ الْقَرْيَةِ بِحَصَادِهِمِ الْوَافِرِ»: يېزا ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ مول ھوسۇل ئالغانلىقىدىن خۇشال بولۇشتى.

حِصَارٌ: قامال قىلماق، مۇھاسىرە قىلماق.

حِصَارٌ عَسْكَرِيٌّ: ھەربىي قامال.

حَالَةُ الْحِصَارِ: مۇھاسىرە ھالىتى.

حِصَارٌ بَحْرِيٌّ: دېڭىزنى قامال قىلماق.

حِصَارٌ اِقْتِصَادِيٌّ: ئىقتىسادنى قامال قىلماق، ئىقتىسادىي قامال.

«ضَرَبَ حِصَارًا عَلَى الْمَدِينَةِ»: ئۇ شەھەرنى قورشىدى.

رَفْعُ الْحِصَارِ: قورشاۋنى بىكار قىلدى، مۇھاسىرىنى بىكار قىلدى.

اِخْتَرَقَ الْحِصَارَ: قورشاۋنى بۆسۈپ چىقتى.

ضَرَبَ حِصَارًا عَلَى الْمَدِينَةِ: شەھەرنى قورشىۋالدى.

حُصَاصٌ: قوتۇر؛ قاتتىق يۈگۈرمەك، قاتتىق چاپماق.

حَصَافَةٌ: ئەقىللىقلىق، ئۆتكۈر پىكىرلىك، دانالىق.

«عُرِفَ الرَّئِيسُ الرَّاحِلُ بِشُعُورِهِ الْوَطَنِيِّ وَحَصَافَتِهِ السِّيَاسِيَّةِ»: ۋاپات بولغان رەئىس ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ۋە سىياسىي دانالىقى بىلەن تونۇلدى.

حُصَالَةٌ: خاماندا ئېشىپ قالغان چار، بۇغداي دانلىرى.

حَصَانٌ ج حُصُنٌ وَحَصَنَاتٌ: ئىپپەتلىك ئايال، پاك ئايال؛ گۆھەر.

حِصَانٌ ج أَحْصِنَةٌ وَحُصُنٌ: ئايغىر.

حِصَانُ الْبَحْرِ: بېگېموت، سۇ ئېتى.

حِصَانٌ أَصِيلٌ: نەسىللىك ئات.

حِصَانٌ مَخْصِيٌّ: ئاختا ئات.

قُوَّةُ حِصَانٍ: ئات كۈچى.

حَصَانَةٌ: مۇستەھكەم، پۇختا؛ كېسەلگە قارشى كۈچ؛ دىيانەتلىك، پاكلىق، ئىپپەتلىك.

حَصَبَ يَحْصِبُ حَصْبًا: تاش ئاتتى.

حَصَبَ الْمَكَانَ: تاش ياتقۇزدى.

حَصِبَ يَحْصَبُ حَصَبًا الطِّفْلُ: بالىغا قىزىل چىقتى.

حَصَبٌ. حَصْبَاءُ: شېغىل، ئۇششاق تاش.

«إِنَّكُمْ وَمَا تَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللّٰهِ حَصَبُ جَهَنَّمَ» ‹قرآن› : ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلەر بىلەن دوزاخقا يېقىلغۇ بولىسىلەر.

حَصْبَةٌ : قىزىل ، قىزىل كېسىلى.

حَصْبَةٌ مَائِيَّةٌ : يەل تاشما ، سوغۇق يەل ، سۇ چېچەك.

حَصْحَصَ يُحَصْحِصُ حَصْحَصَةً الْحَقُّ : ھەقىقەت ئايدىڭلاشتى.

«اَلْآنَ حَصْحَصَ الْحَقُّ» ‹قرآن› : ئەمدى ھەقىقى ئەھۋال ئايدىڭلاشتى.

حَصَدَ يَحْصُدُ حَصْدًا وَ حَصَادًا الزَّرْعَ : زىرائەتنى ئوردى ، زىرائەتنى يىغدى.

«فَمَا حَصَدْتُمْ فَذَرُوهُ فِي سُنْبُلِهِ إِلَّا قَلِيلاً مِمَّا تَأْكُلُونَ» ‹قرآن› : ئالغان ھوسۇلۇڭلاردىن يېيىش ئۈچۈن ئازغىنىسىنى خامان تەپكەندىن تاشقىرى، قالغىنىنى (مىتە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) باشقى بىلەن قويۇڭلار.

حَصَدَ فُلَانٌ: پالانى ئۆلدى ، ھالاك بولدى.

«لَوْ زَرَعْتَ الشَّرَّ لَمْ تَحْصُدْ إِلَّا نَدَامَةً» : ئەگەر سەن يامان نەرسىنى تېرىساڭ ، پۇشايماندىن باشقا ھوسۇل ئالالمايسەن.

حَصَدٌ ج حَصَائِدُ : ئورۇلغان زىرائەت.

حَصَرَ يَحْصُرُ و يَحْصِرُ حَصْرًا : قورشىۋالدى ، ئورىۋالدى، مۇھاسىرىگە ئالدى.

حَصَرَ الْبَحْثَ فِي : بېكىتتى.

حَصَرَ نَشَاطَهُ : پائالىيىتىنى چەكلىدى.

حَصَرَ الشَّيْءَ: ساندى ، ھېسابىنى ئالدى.

حَصَرَ الْكَلِمَةَ : تىرناق ئىچىگە ئالدى.

حَصَرَ الشَّيْءَ : ساندى ، ھېسابات قىلدى ، ھېسابلىدى.

حَصَرَ الْحَرِيقَ : يانغىن قورشىۋالدى ، ئورىۋالدى.

حَصَرَهُ : ئۇنى قاماپ قويدى ، تۇتۇپ قالدى.

حَصَرَهُ الْمَرَضُ أَوِ الْخَوْفُ : كېسەل ياكى قورقۇنچ ئۇنى ئورىۋالدى.

حَصِرَ يَحْصَرُ حَصْرًا : كېكەچلەندى ، دۇدۇقلىدى : بېخىللىق قىلدى ، پىخسىقلىق قىلدى.

حَصِرَ بِالسِّرِّ : سىر ساقلىدى ، يوشۇردى.

حَصِرَ الرَّجُلُ : كىشىنىڭ يۈرىكى سىقىلدى، ئىچى پۇشتى.

حَصْرٌ : قورشىماق ، ئورىۋالماق ، مۇھاسىرە قىلماق.

يَفُوقُ الْحَصْرَ : ھەددىدىن ئوشۇق، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، چەكسىز، چېكى يوق، ساناقسىز.

لَا حَصْرَ لَهُ : چەكسىز.

لَا يَدْخُلُ تَحْتَ الْحَصْرِ : چەكسىز.

عَلَى سَبِيلِ الْمِثَالِ لَا الْحَصْرِ : ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس ، پەقەت مىسال ئۈچۈنلا.

«هَذِهِ الْأُمُورُ لَايُمْكِنُ حَصْرُهَا فِي مِثْلِ هَذَا الْمَقَامِ» : بۇنداق ئىشلارنى بۇنىڭغا ئوخشاش سورۇنلاردا چەكلەش مۇمكىن ئەمەس.

حُصْرٌ ج حُصُرٌ : قەۋزىيەت ، ئىچى قېتىپ قېلىش.

حَضْرَمَ يُحَضْرِمُ حَضْرَمَةً الْقَوْسَ : ئوقيانىڭ كامالىكىنى چىڭىتتى.

حَضْرَمَ الْحَبْلَ : ئارغامچىنى ئەشتى ، چىڭ ئەشتى.

حَضْرَمَ الْقِرْبَةَ : تۈلۈمنى توشقۇزدى.

حَضْرَمَ الْقَلَمَ : قەلەمنى ئۇشلىدى.

حَضْرَمَ الثَّمَرُ : مېۋە پىشمىدى.

حِصْرِمٌ ج حُصْرُمٌ : غورا ، غوراب.

حَصَّ يَحُصُّ حَصًّا مِنَ الْمَالِ : مالدىن بىر ئۈلۈش بەردى.

حَصَّ الشَّعْرَ : چاچنى چۈشۈردى.

حَصَّ الصَّقِيعُ النَّبْتَ : قىراۋ ئۆسۈملۈكنى ۋەيران قىلدى.

حَصَّادَةٌ : ئورغاق ، چالغا ، ئوروش ماشىنىسى.

حَصَّادَةٌ دَرَّاسَةٌ : يىغىش ماشىنىسى ، كومبايىن.

حَصَّالَةُ النُّقُودِ ج حَصَّالَاتٌ : قورامساق ساندۇقى ، توپلىغان بايلىقىنى قاچىلايدىغان ساندۇق.

حَصَّبَ يُحَصِّبُ تَحْصِيبًا الشَّخْصَ : قىزىل

چىقتى.

حَقَّبَ الْمَكَانَ: مەلۇم جايغا شىغىل يېيىپتتى.

حَقَّبَ بِاللَّعَنَاتِ: قارغىدى، لەنەت ياغدۇردى.

حِصَّةٌ ج حِصَصٌ: ئۈلۈش، نېسىۋە، ھەسسە، پاي.

حِصَّةٌ نِسْبِيَّةٌ: بەلگىلەنگەن سانى، بەلگىلەنگەن نورما؛ چەك، چېكى.

حِصَّةُ الْأَسَدِ: تۈلكە تەقسىماتى، چوڭ ئۈلۈش.

حِصَّةٌ مَالِيَّةٌ: پېرسەنت؛ ئۈق (مىراستا)؛ پاي ئۆسۈمى، ئۆسۈم.

حِصَّةٌ دِرَاسِيَّةٌ: دەرس سائىتى.

«أَخَذَ حِصَّتَهُ مِنْ أَمْلَاكِ أَبِيهِ بَعْدَ وَفَاتِهِ»: ئۇ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىدىن ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىنى ئالدى.

«لِكُلِّ حِصَّةٍ دِرَاسِيَّةٍ خَمْسُونَ دَقِيقَةً»: ھەر قېتىملىق دەرس 50 مىنۇت بولىدۇ.

«يُوجَدُ ثَلَاثُ حِصَصٍ صَبَاحِيَّةٍ»: چۈشتىن بۇرۇن 3 سائەتلىك دەرس بار.

حَصَّصَ يُحَصِّصُ تَحْصِيصًا: ھەسسىلەرگە بۆلدى.

حَصَّلَ يُحَصِّلُ تَحْصِيلًا: ھاسىل قىلدى، ئېرىشتى؛ خۇلاسىلىدى.

حَصَّنَ يُحَصِّنُ تَحْصِينًا الْمَكَانَ: جايغا توساق ئورناتتى، مۇداپىئە ئورناتتى، پۇختىلىدى.

حَصَّنَهُ مِنَ الْمَرَضِ: كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالدى.

حَصَّى يُحَصِّي تَحْصِيَةً: قوغىدى، ساقلاپ قالدى، ھامى بولدى.

حَصُفَ يَحْصُفُ حَصَافَةً: توغرا پىكىرلىك بولدى، توغرا مۇلاھىزىلىك بولدى، پىكرى ئوچۇق بولدى.

حَصِفَ يَحْصَفُ حَصَفًا: پىراقلاشتۇردى، نېرى قىلىۋەتتى.

حَصَفٌ: ئىسسىقلىق.

حَصِيفٌ: چوڭقۇر پىكىرلىك، ئەقىللىق، زېرەك.

حَصَلَ يَحْصُلُ حُصُولًا الشَّيْءُ: پەيدا بولدى، ھاسىل بولدى، يۈز بەردى؛ ئېشىپ قالدى، قېپقالدى.

«حَصَلَ عَلَى أَعْلَى شَهَادَةٍ فِي مَجَالِ تَخَصُّصِهِ»: ئۆز كەسپى ساھەسىدە ئەڭ يۇقىرى دىپلومغا ئېرىشتى.

حَصَلَ عَلَى الشَّيْءِ: ئېرىشتى، ئىگە بولدى.

«حَصَلَ عَلَى مَعْلُومَاتٍ هَامَّةٍ»: ئۇ مۇھىم مەلۇماتلارغا ئېرىشتى.

حَصَلَ عَلَى الدَّيْنِ: قەرزنى قايتۇردى.

حَصَلَ عَلَى الْمَالِ: مال توپلىدى، مالغا ئېرىشتى.

حَصَلَ لَهُ كَذَا: يولۇقتى، دۇچ كەلدى.

حَصِلَ يَحْصَلُ حَصَلًا الْفَرَسُ: ئات ئوت-چۆپنىڭ توپىسىنى يەۋېلىپ قورسىقى ئاغرىدى.

حَصِلَتِ الدَّابَّةُ: ئۇلاغ زىيانلىق نەرسە يەۋېلىپ ئاغرىپ قالدى؛ توپا يېدى، تاش يېدى.

حَصُنَ يَحْصُنُ حَصَانَةً الْمَكَانُ: جاي مۇستەھكەم بولدى، جاي پۇختا بولدى.

حَصُنَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال ئىپپەتلىك بولدى، پاك بولدى، نومۇسىنى ساقلىدى؛ تۇرمۇش قۇردى.

حِصْنٌ ج حُصُونٌ وَ أَحْصَانٌ وَ حِصَنَةٌ: قورغان، ئىستىھكام، قەلئە.

حِصْنٌ حَصِينٌ: پۇختا قورغان.

حُصُولٌ: پەيدا بولماق؛ يۈز بەرمەك، تۇغۇلماق، ئۇچرىماق.

حَصَوِيٌّ: تاشقا ئائىت، تاشقا مەنسۇپ.

نَهْرٌ حَصَوِيٌّ: شېغىللىق دەريا، شېغىللىق ئۆستەڭ.

حَصَى يَحْصِي حَصْيًا: تاش ئاتتى، تاش بىلەن ئۇردى.

حَصِيَ يَحْصَى حَصًى الْأَرْضُ: زېمىن شېغىللىق بولدى، زېمىن تاشلىق بولدى.

حُصِيَ: چالما ـ كېسەك قىلىندى.

حَصًى. حَصَاةٌ ج حَصَيَاتٌ: شېغىل، ئۇششاق تاش.

طَرْقُ الْحَصَى. ضَرْبُ الْحَصَى: رەمل باقماق.

حَصِيدٌ ج حَصَائِدُ: ھوسۇل، زىرائەت.

حَصِيدَةٌ ج حَصَائِدُ: ئېتىز.

حَصِيرٌ ج حُصُرٌ وَ أَحْصِرَةٌ: تۈرمە، زىندان؛

مەھبۇس؛ بورا؛ بېخىل؛ ئىچى تار.

حَصِيرَةٌ : بورا ، پاخال ؛ ئاياغ چوتكىسى.

حَصِيرَةُ الشُّبَّاكِ ج حَصَائِرُ : بامبۇك پەردە.

مَكْتَبٌ بِالْحَصِيرَةِ : قاتلىنىشلىق بولىدىغان يېزىق ئۈستىلى.

حَصِيفٌ ج حُصَفَاءُ : ئەقىللىق ، زېرەك، پۇختا.

رَأْيٌ حَصِيفٌ : دانا پىكىر.

حَصِيلَةٌ ج حَصَائِلُ : جۇغلانما ، يىغىندا قالدۇق ، توپلانما؛ نەتىجە.

«إِنَّ كِتَابَ مُلُوكِ الْعَرَبِ هُوَ حَصِيلَةُ رِحْلَةِ الْمُؤَلِّفِ إِلَى الْجَزِيْرَةِ الْعَرَبِيَّةِ حَيْثُ قَضَى أَكْثَرَ مِنْ سَنَةٍ» : «ئەرەب پادىشاھلىرى» دېگەن كىتاب ئاپتورنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىر يىلدىن ئارتۇقراق ئايلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

حَصِيلَةُ الْمَالِ: كىرىم ، دارامەت.

حَصِينٌ : كۈچلۈك ، مۇستەھكەم ، پۇختا.

مَلْجَأٌ حَصِينٌ: پۇختا پاناھگاھ، مۇستەھكەم، پاناھ جاي.

حُصَيْنٌ : كىچىك پوتەي ، قەلئە ، قورغان.

أَبُو الْحُصَيْنِ : تۈلكە.

حَصِيٌّ : تاش كۆپ جاي ، شېغىللىق يەر.

حَضَارَةٌ : مەدەنىيەت ؛ شەھەر ؛ كەلمەك ، ھازىر بولماق ، قاتناشماق.

حَضَارِيٌّ : مەدەنىيەتكە مەنسۇپ ، مەدەنىي.

حَضَارِيًّا : مەدەنىيەت جەھەتتىن.

«كَانَتْ بَغْدَادُ مَرْكَزًا حَضَارِيًّا مَشْهُورًا فِي الْقُرُونِ الْوُسْطَى» : باغداد ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مەشھۇر مەدەنىيەت مەركىزى بولغانىدى.

حَيَاةٌ حَضَارِيَّةٌ : شەھەر تۇرمۇشى ، شەھەر ھاياتى.

مِنْطَقَةٌ حَضَارِيَّةٌ : شەھەر رايونى.

حِضَانَةٌ : باقماق ، تەربىيىلىمەك ، پەرۋىش قىلماق، ئۆستۈرمەك.

حِضَانَةُ الْبَيْضِ : تۇخۇم باستۇرماق.

دَارُ الْحِضَانَةِ : يەسلى ، باللار باغچىسى.

«إِنَّ دُخُولَ الْأَطْفَالِ إِلَى دارِالْحِضَانَةِ يُخَفِّفُ مِنْ مَتَاعِبِ أَوْلِيَائِهِمْ» : باللارنىڭ يەسلىگە كىرىشى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ جاپاسىنى يېنىكلىتىدۇ.

حَضَرَ يَحْضُرُ حَضَارَةً الْبَدَوِيُّ : سەھرالىق شەھەرلەشتى ، سەھرالىق شەھەردە تۇردى.

حَضَرَيَحْضُرُحُضُورًاالْمَجْلِسَ : يىغىنغا قاتناشتى.

حَضَرَهُ الْمَوتُ : سەكراتقا چۈشتى.

حَضَرَ الشَّخْصُ : كەلدى ، ھازىر بولدى.

حَضَرَ الْإِجْتِمَاعَ : يىغىنغا قاتناشتى.

حَضَرَ الطَّالِبُ : ئوقۇغۇچى دەرس تەييارلىدى.

«هَلْ يُمْكِنُ أَنْ تَحْضُرَ صَبَاحَ الْغَدِ» : ئەتە ئەتىگەندە كېلەلىشىڭىز بولامدۇ.

حَضَرَوَحَضِرَيَحْضُرُويَحْضَرُحُضُورًاالْمَجْلِسَ: يىغىنغا قاتناشتى.

حَضَرَتِ الصَّلَاةُ: ناماز ۋاقتى كىردى.

حَضَرَ الْكِتَابُ: كىتاب ھازىر بولدى.

حَضَرَ عَنْهُ: ئۇنىڭ ئورنىغا كەلدى.

حَضَرَ الشَّخْصُ: كەلدى ، ھازىر بولدى.

«كَانَ الْوَزِيرُ قَدْ حَضَرَ الْجَلْسَةَ الْخِتَامِيَّةَ لِلْمُؤْتَمَرِ» : مىنىستىر قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

حَضَرٌ: مەدەنىيەت ، شەھەر ھاياتى.

«فَسَدَ كَلَامُ الْحَضَرِ بِالْإِخْتِلَاطِ بَيْنَمَا ظَلَّ الْبَدْوُ مُحَافِظِيْنَ عَلَى لُغَتِهِمْ» : باشقىلارغا ئارىلىشىش بىلەن شەھەرلىكلەرنىڭ تىلى بۇزۇلدى، كۆچمەن ـ چارۋىچىلار ئۆز تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قالدى.

حَضَرَةٌ ج حُضُورٌ : كەلمەك ، ھازىر بولماق ، قاتناشماق.

«حُدِّدَ لِلسَّفِيْرِ الْجَدِيْدِ مَوْعِدُ الْمُثُولِ فِي حَضْرَةِ الْمَلِكِ لِتَقْدِيْمِ أَوْرَاقِ إِعْتِمَادِهِ» : يېڭى كونسۇلغا دۆلەت خېتى تاپشۇرۇش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇش ۋاقتى بەلگىلەپ بېرىلدى.

حَضْرَةُ الْإِجْتِمَاعِ : يىغىنغا قاتناشماق.

حَضْرَةٌ ج حَضَرَاتٌ: جانابىي ، ئالىي ، ھەزرەت ؛ خانىم؛ ئەپەندىم.

فِي حَضْرَةِ فُلَانٍ : پالانىنىڭ ئالدىدا ، پالانىنىڭ ھوزۇرىدا.

حَضْرَةُ الْأُسْتَاذِ : ئۇستاز جانابلىرى.

كُنْتُ بِحَضْرَةِ الدَّارِ : مەن ھويلىنىڭ يېنىدا ئىدىم.

حَضْرَتُكُمْ : ئالىيلىرى ، جانابلىرى، ھەزرەتلىرى.

حَضْرَةُ صَاحِبِ فَخَامَةِ الرَّئِيسِ : زۇڭتۇڭ ئالىيلىرى، رەئىس جانابلىرى.

حَضَرَاتُ السَّادَةِ وَ السَّيِّدَاتِ : جانابىي ئەپەندىلەر ، خانىملار ، ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، خانىملار.

حَضَرِيٌّ : مەدەنىيەتلىك ، شەھەرلىك.

مَطَالِبُ حَضَرِيَّةٌ : مەدەنىيەت مەسىلىسى.

حَضَّ يَحُضُّ حَضًّا عَلَى كَذَا : قىزىقتۇردى ، تەرغىب قىلدى ، ئىلھاملاندۇردى ، قوزغىدى.

«وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ» «قرآن» : مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايتتى.

«كَانَ الْعُلَمَاءُ يَحُضُّونَ النَّاسَ عَلَى التَّمَسُّكِ بِالْكِتَابِ وَ السُّنَّةِ» : ئۆلىمالار كىشىلەرنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى چىڭ تۇتۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى.

حَضَّرَ يُحَضِّرُ تَحْضِيرًا: تەييارلىدى ، راسلىدى.

«حَضَّرَ الصَّيْدَلِيُّ الدَّوَاءَ» : دورىگەر دورا تەييارلىدى.

«حَضَّرَ الطَّالِبُ دَرْسَهُ» : ئوقۇغۇچى دەرسكە تەييارلىق قىلدى.

حَضَّضَ يُحَضِّضُ تَحْضِيضًا عَلَى كَذَا : قىزىقتۇردى، تەرغىب قىلدى، ئىلھاملاندۇردى، قوزغىدى.

حَضَنَ يَحْضُنُ حَضْنًا الْوَلَدَ : بالىنى قۇچاقلىدى، باغرىغا باستى، قۇچىقىغا ئالدى، تەربىيىلىدى.

حَضَنَ الطَّيْرُ بَيْضَةً : تۇخۇم باستى.

أُمُّكَ تَحْضُنُكَ بَاسِمَةً : ئاناڭ سېنى كۈلۈپ تۇرۇپ باغرىغا باسماقتا.

حِضْنٌ ج أَحْضَانٌ وَ حُضُونٌ : كۆكرەك ، قويۇن ، قۇچاق ، مەيدە ، كۆكسى ، باغرى ؛ ئەتراپ ، يان؛ تاغ تۆۋى؛ قوش ئۇۋىسى؛ قوتان ، ئېغىل.

«صَنَعَ الطَّائِرُ عُشًّا فِي حِضْنِ الْجَبَلِ» : قوش تاغ باغرىغا ئۇۋا ياسىدى.

حِضْنُ الْوَطَنِ : ۋەتەن قوينى.

«عَادَ إِلَى أَحْضَانِ الْوَطَنِ الْأُمِّ» : ئۇ ئانا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى.

حَضْنَةٌ : قورۇلغان تۇخۇم.

حُضُورٌ : كەلمەك ، ھازىر بولماق ، قاتناشماق.

بِحُضُورِ فُلَانٍ : پالانىنىڭ ئالدىدا ، پالانىنىڭ ھوزۇرىدا.

وَرَقَةُ حُضُورٍ : چاقىرىق قەغىزى.

حُضُورِيٌّ : نەق مەيدان.

حُكْمٌ حُضُورِيٌّ : نەق مەيداندا سوتلانماق.

حُكِمَ حُضُورِيًّا : نەق مەيداندا سوتلاندى.

اَلْحَضَوْضَى: ئوت ( يىپىنۋاتقان ) ؛ يىراقلىق.

حَضِيضٌ ج أَحِضَّةٌ وَ حُضُضٌ : تېگى ، ئاساسى، نېگىزى ، ئۆلى ، ئاستى قىسمى ؛ چېگرا ، چەت ، ياقا.

بَلَغَ الْحَضِيضَ : ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا يەتتى.

«كَانَتْ رُوحُهُ الْمَعْنَوِيَّةُ فِي الْحَضِيضِ» : ئۇنىڭ مەنىۋى روھى تۆۋەن ئىدى، ئۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى.

حَطَاطٌ : كۆپۈك ، كالا سۈتىنىڭ كۆپۈكى؛ دانخورەك (يۈزدىكى).

حُطَاطٌ: سىپسىق پۇراق، بەد بۇي

حُطَامٌ: قالدۇق ، تاشلاندۇق ، پارچە – پۇرات.

حُطَامٌ مِنَ النَّبَاتِ: قۇرۇق ئوت – چۆپ.

حُطَامُ الطَّائِرَةِ : ئايروپىلان قالدۇقلىرى.

حُطَامُ الدُّنْيَا : مال – دۇنيا ، دۇنيانىڭ پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرى.

«ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَاهُ مُصْفَرًّا ثُمَّ يَجْعَلُهُ حُطَامًا» «قرآن» : ئاندىن ئۇ قۇرۇيدۇ ، ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسەن ، ئاندىن ئال

ئۇنى شاخ ـ شۇمبىغا ئايلاندۇردۇ.

**حَطَبَ يَحْطِبُ حَطْبًا** : ئوتۇن يىغدى ، ئوتۇن تەردى.

**حَطَبٌ ج أَحْطَابٌ**: ئوتۇن ، يېقىلغۇ.

**حَطَبٌ لِلْحَرْبِ** : زەمبىرەك يېمى ، توپ يېمى.

**زَادَ النَّارَ حَطَبًا** : ئوت قۇيرۇقلۇق قىلدى ، ئىغۋا توقىدى ، پىتنە ـ پاسات تېرىدى.

**حَطَّ يَحُطُّ حَطًّا** : قويۇۋەتتى ؛ چۈشۈردى ؛ تۆۋەنلەتتى.

**«حَطَّتْ بِنَا الطَّائِرَةُ»** : ئايروپىلان بىزنى ئېلىپ يەرگە چۈشتى.

**«حَطَّ الصُّنْدُوقَ عَلَى الرَّصِيْفِ»** : ئۇ ساندۇقنى ئاسفالت يولغا چۈشۈردى ( قويدى ).

**حَطَّ الْحَمْلَ** : يۈك چۈشۈردى.

**حَطَّ عَنْهُ** : يۈك چۈشۈردى، ئېلىپ تاشلىدى.

**حَطَّ الطَّائِرُ عَلَى الْغُصْنِ** : قۇش شاخقا قوندى.

**حَطَّ الرِّحَالَ** : تۈردى ، ئورۇنلاشتى.

**حَطَّ مِنْ قُوَاهُ** : ئاجىزلاشتى.

**حَطَّ مِنْ قَدْرِهِ** : ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشۈردى.

**حَطَّ مِنْ قِيْمَتِهِ** : ئۇنىڭ باھاسىنى چۈشۈردى.

**حَطَّ وِزْرَهُ** : ئۇنىڭ گۇناھىنى يوققا چىقاردى.

**حَطَّابٌ** : ئوتۇنچى ، ئوتۇن ساتقۇچى.

**حَطَّامٌ** : شىر.

**حِطَّةٌ** : كەمسىتمەك ، كۆزگە ئىلماسلىق ؛ ئاھانەت قىلماق ، ھاقارەت قىلماق ؛ مەغپىرەت تەلەپ قىلماق.

**حِطَّةٌ فِي الْمَقَامِ** : دەرىجىسى چۈشۈپ كېتىش ، ئەمىلى تۆۋەنلەپ كېتىش.

**«وَادْخُلُوا الْبَابَ سُجَّدًا وَقُولُوا حِطَّةٌ نَغْفِرْ لَكُمْ خَطَايَاكُمْ»** «قۇرئان» : دەرۋازىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار ، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز.

**حَطَّمَ يُحَطِّمُ تَحْطِيْمًا** : سۇندۇردى، پاچاقلىدى.

**حَطَّمَ الْقُيُودَ** : ئەركىنلىككە ئېرىشتى.

**حَطَّمَ مُسْتَقْبَلَهُ**: ئىستىقبالىنى يوقاتتى.

**«حَطَّمَهُ الْكِبَرُ»** : قېرىلىق ئۇنى موجمۇۋەتتى ، قېرىلىق ئۇنى كاردىن چىقاردى.

**«اَلْمُوَاصَلَاتُ حَطَّمَتِ الْحَوَاجِزَ الَّتِي تُفَصِّلُ بِيْنَ الْأُمَمِ وَالشُّعُوبِ»** : قاتناش ئالاقىسى مىللەتلەر ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى توسالغۇلارنى بۇزۇپ تاشلىدى.

**حَطَمَ يَحْطِمُ حَطْمًا الشَّيْءَ**: سۇندۇردى، پاچاقلىدى.

**حُطَمَةٌ** : كۆچلۈك ئوت ، جەھەننەم ، دەھشەتلىك ئوت.

**«كَلَّا لَيُنْبَذَنَّ فِي الْحُطَمَةِ وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْحُطَمَةُ»**

«قۇرئان» : ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ چوقۇم ھۆتەمەگە تاشلىنىدۇ. ھۆتەمەنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟

**حِطْمَةٌ** : پارچە ـ پۇرات ، پارچە نەرسە.

**حِطْمَةُ الدُّنْيَا**: مال ـ دۇنيا.

**حَطُوطٌ** : تۆپىلىك ، ئېگىزلىك؛ تېز ماڭىدىغان ئېسىل تۆگە.

**حَطُومٌ** : شىر ؛ قاتتىق شامال ، بوران.

**حَطِيبٌ**: ئوتۇنى كۆپ جاي ، ئوتانلىق جاي.

**حَطِيْطٌ** : پاكىنەك پاپا.

**حَطِيْطَةٌ ج حَطَائِطُ**: كېمەيتىپ بېرىلگەن باھا.

**اَلْحَطِيمُ**: كەئبىنىڭ سىرتىدىكى قورۇق.

**حَظَا يَحْظُو حَظْوًا**: ئاستا ماڭدى.

**حِظَارٌ** : توسىماق، چەكلىمەك؛ قوتان؛ تام ، باغنىڭ ئېتاتە تېمى ، توساق.

**حَظَبَ وَ حَظِبَ يَحْظَبُ وَ يَحْظِبُ حَظْبًا الْإِنَاءُ** : قاچا توشۇپ كەتتى.

**حَظَبَ الرَّجُلَ** : كىشى سەمرىپ كەتتى.

**حَظِبٌ** : يوغان قورساق ، پاكىنەك.

**حَظَرَ يَحْظُرُ حَظْرًا** : توستى ، چەكلىدى ، قامال قىلدى ، مەنئى قىلدى.

**«حَظَرَتِ الْحُكُومَةُ عَلَى الْجَيْشِ أَنْ يَشْتَرِكَ فِي النَّشَاطِ الْحِزْبِيِّ»** : ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنى پارتىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشىنى مەنئى

قىلدى.

**حَظَرَ التَّعَامُلَ** : پورتنى تاقىۋەتتى.

**حَظَرَ الْمَوَاشِيَ** : چارۋىنى ئېغىلغا سولىدى ، ئۇلاغلارنى ئېغىلغا سولىدى.

**حَظَرَ عَلَيْهِ الْقِمَارَ** : ئۇنىڭ قىمار ئويىنىشىنى چەكلىدى.

**حَظْرٌ** : توسۇماق ، ياندۇرماق ، چەكلىمەك ، مەنئى قىلماق.

**حَظْرٌ عَلَى الْوَارِدَاتِ** : ئىمپورت قىلىشنى چەكلەمەك.

**اَلْحَظْرُ الْبَحْرِيُّ** : دېڭىزنى قامال قىلىش.

**حَظْرُ التَّجَوُّلِ** : جىددىي ھالەت ئېلان قىلىش.

**رَفْعُ الْحَظْرِ** : قامالنى بىكار قىلىش.

**حَظَّ يَحَظُّ حَظًّا** : تەلەيلىك بولدى ، نېسىۋىلىك بولدى ، تەلىيى كەلدى.

**حَظٌّ ج حُظُوظٌ وَ حِظَاظٌ وَ أَحُظٌّ** : بەخت ، تەلەي ، ئامەت ، نېسىۋە ؛ خۇشاللىق.

**«فَسَّرَ مُحَاوِلَاتِهِ الْفَاشِلَةَبِأَنَّهَا مِنْ سُوءِالْحَظِّ»** : ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغان ئۇرۇنۇشلىرىنى تەلەيي كاجلىقتىن بولغان دەپ چۈشەندۈردى.

**«لِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ الْأُنْثَيَيْنِ» «قرآن»** : بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ.

**حَظٌّ غَيْرُ مُنْتَظَرٍ** : كۈتۈلمىگەن تەلەي ، كۈتۈلمىگەن بەخت.

**لِحُسْنِ الْحَظِّ** : بەختى تەلىيىدىن ، تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنلىكتىن.

**سَيِّئُ الْحَظِّ** : بەتتەلەي، شور پېشانە، دومىلە.

**كَانَ الْحَظُّ حَلِيفَهُ** : بەخت يار بولغان.

**«لَا حَظَّ لَهُ مِنْ عِلْمٍ»** : ھېچنەرسە بىلمەيدۇ.

**أَسْعَفَهُ الْحَظُّ** : تەلەيلىك ، ئامىتى كەلگەن.

**حُسْنُ الْحَظِّ** : تەلەيلىك.

**«كَانَ مِنْ حُسْنِ حَظِّهِ أَنَّ الْحَرْبَ اِنْتَهَتْ قَبْلَ مَوْعِدِ اِلْتِحَاقِهِ بِالْجَيْشِ»** : ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭ كەلگەنلىكتىن ، ئۇ ئارمىيىگە كىرگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن ئۇرۇش ئاخىرلاشقان.

**جَرَّبَ حَظَّهُ** : تەلىيىنى سىنىدى.

**مِنْ سُوءِ حَظِّهِ** : تەلەيسىزلىكتىن ، نەس باسقانلىقتىن ، شۇم پېشانىلىكتىن.

**حَظَّرَ يُحَظِّرُ تَحْظِيرًا** : قاتتىق چەكلىدى ، قاتتىق مەنئى قىلدى.

**«حَظَّرَتِ الْحُكُومَةُ الْاِجْتِمَاعَاتِ الْعَامَّةَ وَالْمُظَاهَرَاتِ»** : ھۆكۈمەت ئاممىۋى يىغىلىش ۋە نامايىشلارنى قاتتىق چەكلىدى.

**حَظِيٌّ** : بەختلىك ، تەلەيلىك.

**حَظَلَ يَحْظُلُ يَحْظِلُ حَظْلًا وَحِظْلَانًا وَ حَظَلَانًا عَلَيْهِ** : توستى، چەكلىدى.

**حِظْوَةٌ. حُظْوَةٌ** : ئورۇن ، مەرتىۋە ؛ ئىلتىپات، نېسىۋە ؛ شان ـ شەرەپ ، شۆھرەت.

**نَالَ حُظْوَةً عِنْدَهُ** : ئىلتىپاتقا ئېرىشتى.

**حَظِيَ يَحْظَى حُظْوَةً وَ حِظْوَةً عِنْدَ النَّاسِ** : شەنى ئۇلۇغ بولدى ؛ كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى ؛ نېسىۋىدار بولدى.

**حَظِيَ بِتَأْيِيدِهِ** : ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

**حَظِيَ بِالْحُضُورِ** : قاتنىشىشقا مۇيەسسەر بولدى.

**حَظِيَ بِمُقَابَلَتِهِ** : ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

**«لَمْ يَحْظَ هَذَا الْوَضُوعُ بِدِرَاسَةٍ شَامِلَةٍ»** : بۇ تېما كەڭ دائىرىدە تەتقىق قىلىنىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى.

**«كُلُّ قَرَارٍ لَا يَحْظَي بِتَأْيِيدِ الشَّعْبِ مَصِيْرُهُ الْفَشَلُ»** : خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن ھەرقانداق قارار مەغلۇپ بولىدۇ.

**«حَظِيَ الطَّلَبَةُ الْجُدُدُ بِعِنَايَةِالْمَعْهَدِالدَّقِيقَةِ»** : يېڭى ئوقۇغۇچىلار ئىنستىتۇتنىڭ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى.

**حَظِيرَةٌ ج حَظَائِرُ** : قورۇق تام ، قاشا ، ئېھاتە ؛ ئېغىل ، قوتان.

**حَظِيْرَةُ الْبَهَائِمِ** : قوتان ، ئېغىل.

**حَظِيرَةُ الْغَنَمِ** : قوي قوتىنى.

**حَظِيرَةُ الْقُدْسِ** : جەننەت.

**«لَايَلِجُ حَظِيْرَةَ الْقُدْسِ مُدْمِنُخَمْرٍ» «حديث»** : دائىم ھاراق ئىچكۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.

